# تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇقىملىق، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئېلان قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا ياخشى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئەستايىدىل ھالدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشى، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈشى، ئەمەلىي ئىش قىلىشى، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

بىرىنچىدىن، نىشان ـ تەلەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىش مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۈرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسىنى ئەستە چوڭقۇر، چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى چوڭقۇر تونۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماي خەلقنى كۆزلەشتەك ئەسلى مەقسىتى، ئاساسىي مەقسىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ شەكىللەندۈرگەن مۇھىم، زور نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش قىلىش داۋامىدا ياراتقان ئۇلۇغ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغا سىلجىتىشتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، قانۇنىيەت، ئالاھىدىلىكنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى پۇختا تۇتۇش كېرەك. مەخسۇس تېمىدىكى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىشتىن تەپەككۇر ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىشتىن چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، ئۆگىنىشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ سىياسىي يېتەكچىلىكنى ھەققىي كۈچەيتىپ، پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش ھېسسىياتىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك؛ مەخسۇس تېمىدىكى تەربىيەلەشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈشكە، دائىم تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، قويۇق ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىپ، پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بەشىنچىدىن، روھنى، كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مۇۋەققىي يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسى مۇنداق ئەسكەرتتى:

# يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە ۋاكسىنا ئەملەش

مۇداپىئەلىنىش كۆرسەتمىسى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇ لۇپىڭ

نېمە ئۈچۈن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى ئەملىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىككى ئوكۇل ئۇرۇلىدۇ؟ ۋاكسىنا ئەملەنگەندىن كېيىن قانچىلىك ۋاقىتتا ئانتىتېلا شەكىللىنىدۇ؟ 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى ئىممۇنىتېتنى پىلانلاش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شيې نا بۇنىڭغا جاۋاب بەردى.

نۆۋەتتە، يۇقۇم ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولماقتا، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئەملەشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ ـ يوق؟ شيې نا مۇنداق دېدى: «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە ۋاكسىنا ئەملەش.» دۆلىتىمىزدە يەنىلا يۇقۇمنىڭ كىرىش ۋە دائىرىلىك تارقىلىش خەۋپ ـ خەتىرى مەۋجۇت، ئەگەر كىشىلەرنىڭ تېنىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسقا قارىتا ئىممۇنىتېت كۈچى شەكىللەنمىسە، كېسەلگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقى بولىدۇ، ۋاكسىنا ئەملىگەندە ھەم ئۆزىنى ئۈنۈملۈك قوغدىغىلى، ھەم باشقىلارنىمۇ ئۈنۈملۈك قوغدىغىلى بولىدۇ. ۋاكسىنا ئەملەشنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش ئىممۇنىتېت توسۇقىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

شيې نا مۇنداق تونۇشتۇردى: ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقىنى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس ئاكتىپسىزلاشتۇرۇلغان ۋاكسىنا بولۇپ، ئىممۇنىتېت تەرتىپىنىڭ ئىككى ئوكۇل بولۇشى، ۋاقىت ئارىلىقىنىڭ 21 كۈندىن ئارتۇق بولۇشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئىممۇنىتېت تەرتىپىنى خالىغانچە تەڭشەش ئىممۇنىتېتلىق ئىنكاس ئۈنۈمى ۋە ئىممۇنىتېتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشچانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئالدىنقى مەزگىلدىكى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس ئاكتىپسىزلاشتۇرۇلغان ۋاكسىنىنى كلىنىكىلىق تەجرىبە قىلىش تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 2 ـ قېتىملىق ئاكتىپسىزلاشتۇرۇلغان ۋاكسىنىنى ئەملەپ تەخمىنەن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، بىرقەدەر ياخشى ئىممۇنىتېت ئۈنۈمى شەكىللىنىدىكەن.

ۋاكسىنا ئەملەش جەريانىدا، ئەملەتكۈچىلەر تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشى ھەم ئۇنى ماسلىشىپ ياخشى قىلىشى كېرەك: ۋاكسىنا ئەملەشتىن بۇرۇن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىغا ئالاقىدار بىلىملەر ھەم ۋاكسىنا ئەملەش تەرتىپىنى ئىگىلەش كېرەك. ۋاكسىنا ئەملەتكەندە ئالاقىدار كىنىشكا (كىملىك، پاسپورت قاتارلىق)لارنى ئېلىۋېلىش ھەم شۇ جاينىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىگە ئاساسەن شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىپ، نەق مەيداندىكى ۋاكسىنا ئەملىگۈچىلەرگە ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە ۋاكسىنا ئەملەش چەكلىنىدىغان ئەھۋال قاتارلىق ئۇچۇرلار بىلەن ئەينەن تەمىنلەش كېرەك. ۋاكسىنا ئەملەپ بولغاندىن كېيىن 30 مىنۇت قېلىپ كۆزىتىش؛ ۋاكسىنا ئەملىگەن ئورۇننىڭ تېرىسىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش، ۋاكسىنا ئەملىگەن ئورۇننى قول بىلەن تۇتۇشتىن ساقلىنىش؛ ئەگەر گۇمانىي ناچار تەسىر كۆرۈلسە، ۋاكسىنا ئەملىگۈچى ئورۇنغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش، زۆرۈر تېپىلغاندا ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈش كېرەك.

شيې نا مۇنداق ئەسكەرتتى: كىشىلەر توپىدا ئىممۇنىتېت توسۇقى بەرپا قىلىنىشتىن بۇرۇن، قىسمەن كىشىلەر توپى ۋاكسىنا ئەملەتكەن تەقدىردىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېڭى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن، ۋاكسىنا ئىممۇنىتېتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىممۇنىتېت توسۇقى شەكىللەنمىگەن ئەھۋالدا، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس يەنىلا ئاسان تارقىلىدۇ. شۇڭا، ۋاكسىنا ئەملىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنىلا داۋاملىق ماسكا تاقاش، بولۇپمۇ ئاممىۋى سورۇن، ئادەم زىچ توپلاشقان سورۇن قاتارلىق جايلاردا ماسكا تاقاش كېرەك؛ باشقا مۇداپىئە تەدبىرلىرى، مەسىلەن، قول تازىلىقى، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئارىلىق ساقلاش قاتارلىقلارنىمۇ داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇل قۇرۇلۇش كەسپىگە بېرىلگەن قەرز پۇل تېز ئاشتى. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدا ئۇل قۇرۇلۇشنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 564 مىليارد 330 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 19.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قاتناش ـ ترانسپورت، ئامباردا ساقلاش ۋە پوچتا كەسپى قەرز پۇلى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.8% ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 21.1 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 29.3 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى.

ياسىمچىلىق كەسپىگە بېرىلگەن قەرز پۇل مۇقىم ئاشتى. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدا ياسىمچىلىق كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 219 مىليارد 810 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.8% ئاشتى. 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە يېڭىدىن 9 مىليارد 690 مىليون يۈەن ئېشىپ، شىنجاڭدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇن قەرز پۇلى (چەك ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)نىڭ ئېشىش مىقدارىنىڭ 3.3 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدە داۋاملىق ئالدىدا ماڭدى. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 287 مىليارد 570 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 19.4% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.6 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى، شىنجاڭدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 6.9 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتىدە قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 27.8% ۋە 23.4% بولۇپ، ئېشىش سۈرئىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭ بويىچە 1 ـ، 3 ـ ئورۇندا تۇردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك، مېنىڭ يىغىپ ساقلاش بىلەن شۇغۇللىنىشىمنىڭ ئەھمىيىتى يىغىپ ساقلاش جەريانىدا پارتىيە تارىخى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا.» 1974 ـ يىلىدىن باشلاپ، جاڭ بىڭيىڭ پۇرسەت بولسىلا شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقلىرى ۋە خاتىرە سارايلىرىغا بېرىپ ماتېرىيال توپلىدى، كېيىن يېشى چوڭىيىپ قالغاندا، پوچتىدىن خەت ـ چەك ئەۋەتىش شەكلى ئارقىلىق توپلىدى.

«ھەربىر پارچە جاۋاب خەت تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۇ خۇددى گۆھەرگە ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى» دېدى جاڭ بىڭيىڭنىڭ خوتۇنى جياڭ گۈيلەن. ھازىرغىچە، جاڭ بىڭيىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خاتىرە سارايلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقلىرىغا 5000 پارچىدىن ئارتۇق خەت ئەۋەتتى. جاڭ بىڭيىڭ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن قىزىل بۇيۇملارنى يىغىپ ساقلاشقا تېخىمۇ باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. باللىرى، نەۋرىلىرىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىدە ماتېرىيال توپلاشقا ياردەملەشتى، ھەر قېتىم خاتىرە سارىيى، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بارغاندا، ئۇلار ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئەزەلدىن سۇسلاپ قالمىدى، يەنە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ نۇرغۇن قېتىم قىزىل بۇيۇملارنى يىغىپ ساقلاش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، قىزىل تەربىيە ئارقىلىق كېيىنكىلەرنى تارىخنى ئۇنتۇماي، ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشنى قەدىرلەشكە رىغبەتلەندۈردى.

«جاڭ مۇئەللىم يىغىپ ساقلىغان ھەربىر قىزىل ماتېرىيال ماڭا تەسىر قىلدى، ئۇنىڭ روھى مېنى قايىل قىلدى.» يىغىپ ساقلاش سەۋەبلىك تونۇشقان يېقىن دوستى مېڭ چۈەنبىن ئاقسۇدىن قومۇلغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇ جاڭ بىڭيىڭغا ياردەملىشىپ «يېڭى دەۋر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى خاتىرە قوللانمىسى»دىن 60نى سېتىۋالدى. ئەسلىدە، جاڭ بىڭيىڭ كىتاب ھەدىيە قىلىش شەكلى ئارقىلىق، قىزىل تەربىيەنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە يەتكۈزمەكچى بولغانىدى.

2011 ـ يىلىدىن باشلاپ، جاڭ بىڭيىڭ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 160 پارچىدىن ئارتۇق مەزمۇنى تەپسىلىي، ئېنىق، رەسىم بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن پارتىيە تارىخى، ئىنقىلاب تارىخى كۆرگەزمە تاختىسى ياساپ، مەھەللە، مەكتەپ، قىسىم قاتارلىق جايلاردا كۆرگەزمە قىلدى. «بۇ يىل پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلدى، مەن ئۆزۈم يىغىپ ساقلىغان قىزىل بۇيۇملارنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى بۇنىڭدىن مول مەنىۋى ئوزۇققا ئېرىشتۈرىمەن» دېدى جاڭ بىڭيىڭ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«‹كۆكتوقايدىكى پادىچى› دېگەن ناخشىنى ئاڭلاپ، مەن كۆكتوقايغا ناھايىتى تەلپۈندۈم، كۆكتوقاي ناھىيەسىگە بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا كۆكتوقايغا كېلىپ، قار مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، مەززىلىك تائاملارنى تېتىپ، پۇقراۋى قونالغۇدا قونۇپ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى ھېس قىلدىم» دېدى خېنەنلىك ساياھەتچى ۋاڭ مىڭخاۋ.

«بۇلتۇر، قار تېيىلىش مەيدانىدا ياسالغان يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۈچ ئاسما ۋاگون يولى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا چىقىش ۋاقتى زور دەرىجىدە تېجەلدى.» كۆكتوقاي ناھىيەسى كۆكتوقاي تەييۈن ساياھەت مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ما جۇڭخۇا مۇنداق دېدى: قار تېيىلىش مەيدانى بۇلتۇر 15 مىڭ كۇب مېتىرلىق سۇ ساقلاش كۆلچىكى، 9.8 كىلومېتىر كېلىدىغان قار ھاسىل قىلىش سىستېمىسى ۋە بىر قىسىم قار تېيىلىش يوللىرىنى ياسىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆكتوقاي ناھىيەسى قىش پەسلىدە قار ـ مۇز بايلىقى مول، مەركەزلەشكەن بولۇش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قار ـ مۇز تەنھەرىكىتى، قار ـ مۇز كەسپى، قار ـ مۇز ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قار ـ مۇز بايلىقى تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قويۇپ بەردى.

«ساياھەتچىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن، بىز كەسپىي خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ قار تېيىلىش تىرېنېرلىرى، خىزمەتچى خادىملارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلىدۇق، قار تېيىلىش ئوقۇتۇشى، يېمەك ـ ئىچمەك، قونالغۇ، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق.» ما جۇڭخۇا مۇنداق دېدى: بۇ يىل 1 ـ ئايدىن بۇيان، 600دىن ئارتۇق كۇرسانتنى تەربىيەلىدۇق.

جانلىنىۋاتقان قار ـ مۇز ساياھەت كەسپى يەنە شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ «بەخت كەسپى»گە ئايلاندى. بۇلتۇر 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇ يىل 3 ـ ئايغىچە، كۆكتوقاي ناھىيەسى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 950 مىڭ 900 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ساياھەتچىلىك ئۇنىۋېرسال كىرىمى 816 مىليون يۈەن بولدى.

«كۆكتوقاي خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانى بۇ يىل كۆلەمنى كېڭەيتىش ۋە قاتتىق دېتال دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە قەدەمنى تېزلىتىدۇ، بارگاھ، قار تېيىلىش جابدۇقلىرى زالى، قار تېيىلىش مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، قار ـ مۇز ئىقتىسادىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېدى كۆكتوقاي ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى گۇ فاڭ.